# مەن سۆزلىگەن سۆزلەرنى يازماڭلار، كىمكى مەندىن قۇرئان ئايىتىدىن باشقا سۆزلەرنى يازغان بولسا ئۇنى ئۆچۈرىۋەتسۇن. مەن سۆزلىگەن ھەدىسلەرنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرسەڭلار گۇناھ بولمايدۇ، كىمكى مەندىن قەستەن يالغاننى سۆزلەيدىكەن، دوزاختىن ئۆزىنىڭ ئورنىنى تەييارلىسۇن

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مۇنداق دىگەن:
«مەن سۆزلىگەن سۆزلەرنى يازماڭلار، كىمكى مەندىن قۇرئان ئايىتىدىن باشقا سۆزلەرنى يازغان بولسا ئۇنى ئۆچۈرىۋەتسۇن، مەن سۆزلىگەن ھەدىسلەرنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرسەڭلار گۇناھ بولمايدۇ، كىمكى مەندىن قەستەن يالغاننى سۆزلەيدىكەن، دوزاختىن ئۆزىنىڭ ئورنىنى تەييارلىسۇن» ھەدىس راۋىلىرىدىن بىرى بولغان ھەممام ئىبنى مۇنەببىھ قەستەن يالغان سۆزلىگەن بولسا دىېدىمىكى دەپ ئويلايمەن دەيدۇ
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ساھابىلارنى ئۆزى سۆزلىگەن نەرسىلەرنى يېزىشتىن چەكلىگەن، قۇرئاندىن باشقا نەرسىلەرنى يازغان بولسا ئۆچۈرۋېتىشكە بۇيرىغان، ئاندىن ئۇلارغا ئۆزىدىن ھەدىس بايان قىلىشقا رۇخسەت قىلغان، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھسسالامدىن نەقىل قىلغاندا سەھىھ بولغان ھەدىسلەرنى تاللاپ يەتكۈزسە گۇناھ بولمايدىغانلىقىنى شەرت قىلغان، ئۇلارنى ئۆزىگە قەستەن يالغان سۆزلەشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ بۇنىڭ جازاسىنىڭ جەھەننەمدە كۆيۈش بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن، ھەدىسنى يېزىشتىن چەكلىگەن چەكلىمە كېيىن ئەمەلدىن قالغان، ئۇنداق بولىشى، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئىسلامنىڭ ئەۋۋىلىدە ھەدىسنى يېزىشتىن چەكلىگەن، ھەدىس كۆپ بولۇپ ئۇنىڭ بەزىسىنى ياد قىلىپ بولالمايدىغان بولغاندا يېزىشقا رۇخسەت قىلغان، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئۆزىنىڭ خۇتبىسىدە مۇنداق دىگەن:«ئەبۇ شاھقا يېزىپ بېرىڭلار» چۈنكى ئۇ كىشى يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھسسالامدىن بايان قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈنمۇ يېزىشقا رۇخسەت قىلغان، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئۈممىتىنى ئۆزىدىن ھەدىسنى يەتكۈزۈشكە بۇيرىغان، ئەگەر يازمىسا ئىلىم كېتىپ قالاتتى. بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ھەدىسنى يېزىشتىن چەكلەشتىكى مەقسەت بولسا، ھەدىسنى قۇرئان بىلەن بىر ۋاراقچىغا يازسا قۇرئان بىلەن ھەدىسنىڭ ئارىلىشىپ كېتىپ، كېيىن ئوقۇغۇچىغا نىسبەتەن قۇرئان بىلەن ھەدىسنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر. بەزى ئۆلىمالار: چەكلىمە قۇرئان نازىل بولىۋاتقان دەۋرگە خاس، قۇرئاننىڭ باشقا سۆزلەرگە ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن چەكلىگەن، كېيىن رۇخسەت قىلغان دەيدۇ، بىرىنچى ئىېھتىماللىق؛ چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا يېقىنراقتۇر